«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# پىلچاقنىڭ چوڭ تەۋەككۈلچىلىكى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۈ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: مېھرىبان نۇرئەخمەت
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# پىلچاقنىڭ چوڭ تەۋەككۈلچىلىكى

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى غەربىي قاراماي كوچىسى 1100 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830091
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنمېي سارىيى مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1194 × 889 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 2
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 5469 – 7828 – 4
باھاسى: 10.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu–book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# پىلچاقنىڭ چوڭ تەۋەككۈلچىلىكى

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



قۇملۇق چاشقىنىنىڭ ئۆڭكۈرى ئاخىر پۈتۈپتۇ، پىلچاق ئۇنىڭ بۇ ئۆيىنى كۆرگىلى كەپتۇ.

— مەن ئەزەلدىن دەريا بويىدىكى مەنزىرىلىك ئۆڭكۈردە تۇرۇپ باقمىغان، — دەپتۇ قۇملۇق چاشقىنى.

دوستىنىڭ دەريا بويىدىكى تۇرمۇشىدىن بۇنچىلىك خۇشال بولغانلىقىنى كۆرگەن پىلچاقمۇ بەك خۇشال بوپتۇ.

پىلچاقنىڭ دەريا بويىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن كىچىك تىمساھ، ئۇنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ كەپتۇ.

— پىلچاق، مەن بۇرۇن سېنى شۇنچە مازاق قىلغانىدىم، سەن مەندىن خاپىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ كىچىك تىمساھ.

— مەن ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن، — دەپتۇ پىلچاق، — ئەگەر سەن ماڭا دوستانە مۇئامىلە قىلساڭ، مەنمۇ ئەلۋەتتە ساڭا دوستانە مۇئامىلە قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دەپتۇ كىچىك تىمساھ.





پىلچاق ئورمانلىققا كىرىپ، دەرەخ شېخىدا ھۇزۇرلىنىپ ياتقان كىچىك شىرنى تېپىپتۇ.

— پىلچاق، بۈگۈن ئەتىگەندە بۆركۈتنى ئۇچراتتىم. ئۇ سېنى جىددىي ئىزدەۋاتاتتى، ئۇ چۈشتە دەريا بويىدىكى قاقشال دەرەخنىڭ يېنىدا ئۇنى ساقلىشىڭنى ئېيتتى، — دەپتۇ.

دەريا بويىدىكى قېرى قاقشال دەرەخ پىلچاق بىلەن بۆركۆتنىڭ ئۇچرىشىدىغان ئورنى ئىكەن.

ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىرنەچچە ھەپتىدە، بۆركۆت نەچچە قېتىم يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، پىللارنىڭ ئىزىنى ئىزدىگەن، لېكىن تا ھازىرغىچە ئازراقمۇ يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەنىكەن.

پىلچاق قاقشال دەرەخنىڭ يېنىغا بارغاندا، بۆركۆت ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ چۆرگىلەۋاتقانىكەن. بۇ قېتىم بۆركۆت قانداق خەۋەر ئېلىپ كېلەر؟





ئۇزاق ئۅتمەي، بۉركۉت ئۇچۇشتىن توختاپ، قاخشال دەرەخكە قونۇپتۇ.

— مەن بىر پىللار توپىنى بايقدىم، — دەپتۇ ئۇ.

بۇ گەپىنى ئاڭلاپ پىلچاق ھاياجانلانغانلىقدىن كۅزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ.

— قەيەردە؟ قەيەردە ئىكەن؟ بۇ يەردىن يىراقمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— ئىنتايىن يىراق، بۇ يەرنىڭ غەربىدە، مۇشۇ دەريانىڭ تۅۋەن ئېقىنىدىكى يايلاقتا ئىكەن. ماڭسا ئاز دېگەندىمۇ ئۉچ كۉن كېتىدۇ! — دەپتۇ بۉركۉت.

پىلچاق دەرھال ئەر ـ ئايال بېگېموتلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بۆركۈتنىڭ پىل توپىنى تاپقانلىق خەۋىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە بۈگۈنلا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن يولغا چىقىدىغانلىقىنىمۇ دەپتۇ.

ئەر ـ ئايال بېگېموت پىلچاقنىڭ ھامان بىركۈنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. پىلچاقنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، باشتا ئۇلار ئازراق ئازابلىنىپتۇ، چۈنكى بۇ بەك تۇيۇقسىز بولغانىكەن. لېكىن ئۇلار پىلچاقنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇرلىماسلىقى كېرەك ـ دە.

— ئاتا ـ ئانامنى تاپقاندىن كېيىن، مەن سىلەرنى كۆرگىلى كېلىمەن! — دەپ ئۇلارغا ۋەدە بېرىپتۇ پىلچاق.



كىچىك شىر بىلەن قۇملۇق چاشقىنىمۇ پىلچاق بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. ئادەم كۆپ بولسا كۈچ زور بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ پىلچاق ئاخىرى ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بۇ ئۈچ كىچىك دوست، بىر تال توم دەرەخ شېخىنى دەرياغا دومىلىتىپ چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئۈزۈپتۇ. ئەر ـ ئايال بېگېموتلار قىرغاقتا ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. كىچىك تىمساھمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىر مەزگىل بىللە ئۈزۈپتۇ.







بۆركۆت ئۇلار بىلەن بىللە بارماپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئالدىنقى قېتىم يىراققا ئۇچقان چاغدا، تاغ ئارىسىدىكى بىر بۆركۆت خېنىم بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچىكەن.

پىلچاق، قۇملۇق چاشقىنى ۋە كىچىك شىرلار دەرەخ غولىدا ئولتۇرۇپ، سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە بىرنەچچە سائەت لەيلەپ مېڭىپتۇ. باشتا بۇ سەپەر خېلى ئوڭۇشلۇق بولۇپتۇ، لېكىن كۈن چۈش بولغاندا، سۇنىڭ ئېقىمى تۇيۇقسىز تېزلىشىپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا كىچىك دەريا بىر شاقىراتمىغا ئايلىنىپ قاپتۇ! شاقىراتمىدىن چۈشكەن سۇنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى يارغۇدەك يۇقىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئۈچ دوست چىقىۋالغان دەرەخ شاقىراتمىدىن چۈشۈپ، ئۈچ كىچىك دوست سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ.



ياخشى يېرى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يارىلانماپتۇ. كىچىك شىر پىلچاقنى قىرغاقتا تارتىپ چىقىرىپتۇ. ئەمدى ئۇلار دەريادا مېڭىشقا ئامالسىز قاپتۇ، پىللار توپى زادى قەيەردىدۇ؟ ئالدىمىزدىمىدۇ؟

بەلكىم قويۇق ئورمانلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇنىڭغا جاۋاب چىقىشى مۇمكىن.





ئورمانلىقتىن تۇيۇقسىز يوغان بىر قورقۇنچلۇق يولۋاس چىقىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ ئۈچ كىچىك دوستنى ئۆزىنىڭ تەۋەيىگە يېقىن يولاتماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا قاراپ نەرە تارتىپ ھۆرپىيىپتۇ. لېكىن ئۇ كىچىك شىرنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال دوستانە ھالغا كىرىپتۇ. پىلچاق ئۇنىڭدىن پىللار توپىنى ئۇچراتقان ـ ئۇچراتمىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئۇچراتمىدىم، لېكىن يېقىن ئەتراپتا بىر چاشقانلار پادىشاھلىقى بار، سىلەر شۇلاردىن سوراپ بېقىڭلار! ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلىشى مۇمكىن! — دەپتۇ يولۋاس.

پىلچاق يولۋاسقا رەھمەت ئېيتىپتۇ، ئاندىن ھەمراھلىرى بىلەن قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.



قاش قارايغان چاغدا، ئۇلار ئاخىر قويۇق ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانلار كۆرۈنۈپتۇ، ئەسلىدە ئۇلار چاشقانلار پادىشاھلىقىغا يېتىپ كەلگەنىكەن.



توپ ـ توپ چاشقانلارنى كۆرگەن قۇملۇق چاشقىنى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ چاشقانلار توپى ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.



چاشقانلار ئۇ ئۈچ كىچىك دوستنى چاشقانلار شاھى بىلەن خانىشىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

چاشقانلار پادىشاھى پىلچاقنىڭ ھېكايىسىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ يەردىن پىللار تويپى ئۆتمىگىلى بەك ئۇزۇن بولدى. لېكىن مەن ئەتە بارلىق چاشقانلارغا يايلاققا بېرىپ پىللارنىڭ ئىزىنى ئىزدەشكە بۇيرۇق بېرىمەن. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، پىللارنىڭ ئىزى بايقالسىلا، بىز ئۇلارنى چوقۇم تاپالايمىز!» دەپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، پىلچاق، قۇملۇق چاشقىنى ۋە كىچىك شىرلار چاشقانلارنىڭ ئىللىق ئۇۋىسىغا كىرىپ ئارام ئېلىپتۇ.

قۇملۇق چاشقىنى تېخى بىر چىرايلىق چاشقان قىزى بىلەن تونۇشۇپمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇ شۇ چاشقان قىز بىلەن چاپلىشىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.



ئەتىسى ئەتىگەندىلا چوڭ ئاختۇرۇش باشلىنىپتۇ. كۆزى ئۆتكۈر، پۇراش سېزىمى كۈچلۈك چاشقانلار توپ ـ توپ بولۇپ، يايلاققا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھەرقانداق بىر يىپ ئۇچى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ، پىللارنىڭ ئىزىنى تېپىشقا گەپ كەتمەيدىكەن.

پىلچاق، كىچىك شىر، قۇملۇق چاشقىنى ۋە چاشقان خېنىم چاشقانلار پادىشاھىنىڭ يېنىدا خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.







ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار جاراڭلىق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ئەسلىدە بىر چاشقان پىلنىڭ ئاياغ ئىزىنى بايقىغانىكەن.

كۆپچىلىك دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ.

— قاراڭلار! بىز پىلنىڭ ئاياغ ئىزىنى تاپتۇق، ناھايىتى يوغان بىر پىل بۇ يەردىن ئۆتكەن. سىلەر مۇشۇ ئىزغا ئەگىشىپ ماڭساڭلار، ئۇلارنى تاپالايسىلەر، — دەپتۇ.

پىلچاق دەرھال يولغا چىقماقچى بوپتۇ، لېكىن قۇملۇق چاشقىنى ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ چاشقان خېنىمنىڭ يېنىدا قالماقچى بولغانىكەن، چۈنكى ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانىمىش، شۇڭا ئايرىلىپ كەتكۈسى يوق ئىكەن. پىلچاق بىلەن كىچىك شىر ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ. ئۇلار چاشقانلار بىلەن خوشلىشىپ، يوغان ئاياغ ئىزىغا ئەگىشىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ.





— پىلچاق، سەن ئاتا ـ ئاناڭنى تاپقاندىن كېيىن، مەنمۇ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دەپتۇ كىچىك شىر، — ئۇلار بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تۇرىدۇ، ئاۋۇ تاغنىڭ كەينىدە.

بۇ چاغدا پىلچاقنىڭ قۇلىقىغا كىچىك شىرنىڭ گېپى كىرمەپتۇ، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى يوغان ئاياغ ئىزى بىلەن بولۇۋېلىپ كەتكەن ئىكەن.



ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ناھايىتى ئۇزاق مېڭىپتۇ. تۇيۇقسىز پىلچاق يوغان بىر قورام تاشنىڭ كەينىدە يۇپيۇمىلاق كەلگەن كۆل رەڭ گەۋدىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «پىل! ئۇ چوقۇم پىل!» دەپ ئويلاپ، تۇمشۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.



ئەمما ئۇ ئازراق مېڭىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ يۈزىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. نەدىكى پىل بولسۇن، ئەسلىدە ئۇ بىر كەركىدان ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇلار يېرىم كۈن ئەگەشكىنى مۇشۇ كەركىداننىڭ ئاياغ ئىزى ئىكەن.



پيلچاق كەركداندين پيل ئيزيني كۆرگەن ـ كۆرمگەنلكني سوراپتۇ:

— كۆرمديم، بۇ ئەتراپتا پيل يوق. سلەر ئاۋۇ تاغدين ئۆتۆشڭلار كېرەك، پيللار توپي تاغنيڭ ئۇ تەرپيدە، — دەپتۇ كەركدان.

كىچىك شىر پىلچاققا تەسەللى بېرىپ:

— ئۈمىدسىزلەنمە، بىز تاغدىن بىللە ئۆتەيلى. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرمۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرىدۇ. ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ماڭا ئىشەنگىن! — دەپتۇ.

پىلچاق بېشىنى لىڭشىتىپ، ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار داۋاملىق يول يۈرۈپ، ھېلىقى ئېگىز تاغقا يامىشىپتۇ.





ئۇلار يامشا، يامشا ئاخىر قار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىسىغا چىقىپتۇ.



تاغ چوققىسىدا شۇئرغان ئۇشقىرىتىۋاتقان بولۇپ، قار ئۇلارنىڭ كۆكرىكىگە كېلىدىكەن. يىلچاق ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ ـ دە، ماگالىماي قار ئۈستىگە يىقىلىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا كىچىك شىر بەك ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.



تەلىيگە يارىشا ئۇلارنى بىر قوڭۇر ئېيىق كۆرۈپ قاپتۇ! ئۇ يوغان ئالىقانلىرى بىلەن پىلچاقنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆڭكۈرىگە ئەكىرىپتۇ. كىچىك شىر بولسا بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ، ئېيىقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ.



قوڭۇر ئېيىق پىلچاقنى ئىسسىق قۇرۇق چۆپنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۇ يەنە بىر يەرگە ئوت قالاپتۇ. ئوت تۇتاشقاندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى بىردەمدىلا ئىللىپ راھەت بولۇپ كېتىپتۇ.



كىچىك شىر قوڭۇر ئېيىققا ئۆزلىرى باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مۇشۇ يەردە قېلىپ، ماغدۇرۇڭلارغا كەلگەندە مېڭىڭلار! سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، — دەپتۇ قوڭۇر ئېيىق.



ئۇلار ئۈچىسى ئىسسىق ئۆڭكۈردە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدا يەنە شۇۋرغان چىقىشقا باشلاپتۇ.

**图书在版编目（CIP）数据**

小不点儿. 小不点的大冒险：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕丽达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.12

ISBN 978-7-5469-7828-4

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学 – 图画故事 – 中国 – 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 281503 号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：米哈日班·努尔艾合买提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：艾尼瓦·库迪力克
责任印制：刘伟煜

书　名　小不点儿绘本丛书 —— 小不点的大冒险（维吾尔文）
译　者　帕丽达·买买提
出　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　新疆电子音像出版社
地　址　乌鲁木齐市沙依巴克区克拉玛依西街 1100 号（邮编 830091）
发　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　刷　新疆新美大厦文化传媒有限责任公司
开　本　889 mm × 1194 mm　1/16
印　张　2
版　次　2015 年 12 月第 1 版
印　次　2017 年 12 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-5469-7828-4
定　价　10.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）



ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com

ISBN 978-7-5469-7828-4
9 787546 978284 >
定价：10.00元